# 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## ئىدىيە، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياۋ شياۋجۈن مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار بۇ قېتىمقى لېكسىيە پائالىيىتىنى پۇرسەت بىلىپ، مول مەزمۇنلۇق تەشۋىقات، لېكسىيە پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جيەنلۇڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئالتە جەھەتتىن سىستېمىلىق شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

سانجى ئوبلاستلىق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى زەينەپ مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنىڭ مەزمۇنى مول، نەزەرىيە سەۋىيەسى يۇقىرى بولۇپ، كىشىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى. بىز ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تېما تەتقىقاتىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزاھلاش، ئومۇملاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز، بولۇپمۇ ئاممىا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۈزتۇرا لېكسىيەنى قانات يايدۇرۇپ، ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش، ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرىمىز».

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان قاراماي شەھىرىدە لېكسىيە دوكلاتى بەردى. دوكلات يىغىنىدا، ئىلھام ئوسمان نەزەرىيە+سۈرەت+سىن قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەندۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىسى، ئاساسىي پرىنسىپىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى شەرھلىدى.

شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى كارخانا مەدەنىيىتى باشقارمىسى (پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى) ئىدىيەۋى ـ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لى پېڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتنى ساقلاپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، قاراماي نېفىتچىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى بېغىشلايمەن».

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئېركەش قورمانبېك ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا لېكسىيە سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى يەنە ئالتاي شەھىرىنىڭ چاشيۇ يولى كوچىسى خۇڭشى مەھەللىسىگە بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى، سۆھبەتلەشتى. كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئېركەش قورمانبېك چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك تەھلىل قىلدى ۋە چۈشەندۈردى، ھەم ماكرولۇق تەپەككۇر، ھەم مىكرولۇق تەھلىل قىلىپ، كۆپچىلىكنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى كۆپ قاتلام، ھەر تەرەپلىمە، كۆپ نۇقتىدىن ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ مەھەللىدە پىراكتىكا قىلىۋاتقان داشۆ ئوقۇغۇچىسى جياڭ جۈنيى مۇنداق دېدى: «لېكسىيە دوكلاتىنى ئاڭلاپ مەن كۆپ نەپكە ئېرىشتىم، مەن چوقۇم باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاساسىي قاتلامغا ئاتلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، تېخىمۇ تىنچ، گۈزەل، بەختلىك ئالتاي قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ياشلىق كۈچىنى بېغىشلايمەن».

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ھەبىي سالام تۇرپان شەھىرىگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرى باغرى مەھەللىسىدە، ئۇ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىا بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلىشىپ لېكسىيە سۆزلىدى.

باغرى مەھەللىسىنىڭ كادىرى شەمسىدىن نۇردىن مۇنداق دېدى: «مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى قەتئىي ھالدا پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن».

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دىڭ شۈچىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى، تەشۋىق قىلدى. دوكلات يىغىنىنى ئاڭلىغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: دوكلاتنىڭ پىكىر يولى ئېنىق، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشتە ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكچىلىككە ئىگە.

**(مۇخبىر جاڭ يۈنپېي، قاتناشقان مۇخبىرلار شيا چىڭ، جاڭ يەنفاڭ، گې يوۋجۈن، سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ خەيجۈن، قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن تيەن خۇايىڭ، ئالتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ ۋېيشۆن، تۇرپان مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما جيەنشەن، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن ليۇ مىڭشىن)**

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەشەببۇس چىقاردى

## قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرەيلى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان، ياخشى قىلىدىغان بىر مەيدان قاتتىق جەڭ، پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل، تاماملايدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش «يېقىن ئارىلىقتىن ۋاراتاغا توپ تېپىدىغان» «پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاخىرقى پەللىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان» ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلدى. 2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۆلىتىمىزنىڭ 7 ـ قېتىملىق «نامراتلارنى يۆلەش كۈنى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە، بىز شۇنداق تەشەببۇس قىلىمىز:

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خەلق ئاممىسى ھەممىدە ھەر ساھەدىكى مېھرىبان زاتلار ئومۇمىي ھۇجۇم نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چۆرىدەپ، «يەتتە بىر تۇركۇم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ۋەدىۋىسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىشى؛ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە كۈچ قوشۇپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى شەھەرنىڭ «كۆك ـ تاق»، «ئاشلىق»، «مېۋە» ئېھتىياجى بىلەن ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتا بەلگىلەش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، رايون ئىچىدە ھەمكارلىشىش، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، ئارمىيە نامراتلارنى يۆلەش، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە كۈچ قوشۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ياشانغانلارنى يۆلەش، مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش، يېتىم بالىلارنى قۇتقۇزۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، ئوقۇغۇشقا ياردەم بېرىش، داۋالىنىشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق خەيرىيەت ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىدىغان ۋە قوللايدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

كىچىك ئېقىنلار قوشۇلۇپ دېڭىزنى ھاسىل قىلىدۇ؛ سانسىز يۇلتۇزلار چاقناپ، ئالەمنى يورۇتىدۇ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۆلەش مۈلكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەرقايسى جايلار تۈرلەرنى يولغا قويۇش، مەبلەغ ئاجرىتىش، تۈر ئامبىرى قۇرۇلۇشى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەللىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار يىللىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك. يىللىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تاماملانغانلىرىغا قارىتا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، پۈتكەن قۇرۇلۇش نەق چوتى قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئالدىن بېجىرىپ، بالدۇرراق ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. يىللىق تۈرلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۈرلەرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى پۈتكەندىن كېيىن نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلار سانىنى ئازايتىش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش رولىنى ۋاقتىدا جارى قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مەبلەغ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باشقۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، مەبلەغ، تۈر باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش تۈرىنى پىلانلاپ، «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپى بويىچە، 2021 ـ يىللىق ناھىيە دەرىجىلىك تۈر ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تەشكىللىشى، كۆڭۈل قويۇپ ياخشى پىلانلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار تەپەككۇر شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مۈلۈك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، تارماقلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولغان، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىدىغان، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولغان نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى باشقۇرۇش خىزمەت تۈزۈلۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ تىزىملاشنى كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى چىڭ كۆزلەپ، تۈرنى يولغا قويۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ياكى تۈردىن نەپ ئېلىش ئوبيېكتلىرىغا ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ مۈلۈكنىڭ ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، باشقۇرۇش ـ قوغداش تارماقلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش ـ قوغداش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، نورمال يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ نامراتلارنى يۆلەش مۈلكى نازارەتچىلىكىنى ياخشى قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى ئاشكارىلاش، ئېلان قىلىش، ئۈچ مۈلۈك باشقۇرۇش، قەرەللىك سەييارە تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەت مېخانىزملىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئورنىتىپ ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىجارەتنى يۈرۈشتۈرۈش، پايدا تەقسىملەش، كېيىنكى مەزگىللىك باشقۇرۇش، قوغداش، ئاسراشنى پۈتۈن مۇساپىلىك نازارەت قىلىش خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەتنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئالدىن پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مۈلكىنىڭ ئۇزاققىچە ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىش پەسىللىك ھۇجۇم»نى داۋاملىق تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، تۈر خىزمىتىنى «قىش پەسىللىك ھۇجۇم»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاممىنىڭ قاتنىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى سىجىل قوزغاش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى بىڭتۈەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈم ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەندى، ھازىر شىنجاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىندى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شەرھلەندى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىش، ئۇنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىڭتۈەندە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىنلىقىنى تېزدىن قوزغاپ، شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولغان تەشۋىقات لېكسىيەنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يىغىن روھىنى پارتىيەلىك كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي ئەۋزەللىك ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، «ئۈچ چوڭ فۇنكسىيە»نى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، «تۆت چوڭ رول»نى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى بىڭتۈەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىڭتۈەننىڭ ئالاھىدە رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن كۇڭ شىڭلۇڭ، لى فايى، شاۋ فېڭ، ليۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن، جاڭ يۇڭ، لى پېڭ، لۇ شۈپىڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.